ئەركىن: بىزمۇ ئالدىراش. ئاۋۇ كىشى كىم؟

قۇتلۇق: ئۇ بىزنىڭ سىنىپ باشلىقى.

ئەركىن: ئۇ ئۇيغۇرما؟

قۇتلۇق: ياق. ئۇ ئۇيغۇر ئەمەس. ئۇ خۇيزۇ.

ئەركىن: ئۇ شەرقىي تۈركىستانلىقما؟

قۇتلۇق: ياق ئۇ گەنسۇلۇق.

ئەركىن: ئۇ قانچە ياش؟

قۇتلۇق: ئۇ يىگىرمە ياش.

ئەركىن: هازىر دەرس بارمۇ؟

قۇتلۇق: بار.

ئەركىن: ئەمىسە خوش!

قۇتلۇق: خوش ئەمىسە!



**يېڭى سۆز – ئىبارىلەر**

| | |
|---|---|
| Üçüncü | ئۈچىنچى |
| Doğu Türkistanlı | شەرقىي تۈركىستانلىق |
| Evet | ھەئە |
| Da, de | ما، مۇ |
| Hemşere | سېستىرا |
| Kim | كىم |
| Sınıf başkanı | سىنىپ باشلىقى |
| Mühendis | ئېنژېنېر |
| İçeriği zengin | مەزمۇنلۇق |
| Ğulcalı | غۇلجىلىق |
| Hotenli | خوتەنلىك |
| Turfanlı | تۇرپانلىق |
| Edebiyat Fakültesi | تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتى |

| | |
|---|---|
| Sınıf | دەرسخانا |
| Hangi | قايسى |
| Oda | ئۆي |
| Teşekkür | رەھمەت |
| Son günler | يېقىندىن بۇيان |
| Yoğun | ئالدىراش |
| Bir az | بىر قەدەر |
| Peki | چۇ |
| Kaç | قانچە |
| Yaş | ياش |
| Yirmi | يىگىرمە |
| Öyleyse | ئەمىسە |
| Hoşça kal | خوش |
| Huyzu(Çinli Müslüman) | خۇيزۇ |
| Muhasebeci | بوغالتىر |
| Çiftçi | دېھقان |



## گراماتىكا

جۈملە ئىنتوناسىيىسىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن، ئادەتتە، بايان جۈملە، سوئال جۈملە، بۇيرۇق جۈملە ۋە ئۈندەش جۈملە، دەپ تۆت تۈرگە بۆلىنىدۇ.

1 مۇئەييەن بىر ئوي – پىكىرنى بايان قىلىش تەرىقىسىدە ئىپادىلەيدىغان جۈملىلەر بايان جۈملە، دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

① بۇ كىتاب.

② بۇ كىتاب ياخشى.

③بىزنىڭ يۇرتىمىز ئاجايىپ گۈزەل.

2سۆزلىگۈچىنىڭ ھەر خىل گۇمانىنى، سوئالىنى ئىپادىلەپ كېلىدىغان جۈملىلەر، سوئال جۈملە، دەپ ئاتىلىدۇ.

ھەئە ياكى ياق قاتارلىق سۆزلەرنى ئىشلىتىش ئارقىلىق جاۋاب بېرىلگەن جۈملە ئادەتتىكى سوئال جۈملە، ئاتىلىدۇ.

① بۇ كىتابمۇ؟

ھەئە، بۇ كىتاب.

ياق. بۇ كىتاب ئەمەس.

② بۇ كىتاب ياخشىما؟

ھەئە، ياخشى

ياق، ياخشى ئەمەس.

سوئال جۈملە يەنە ما،چۇ ياكى مۇ قاتارلىق يۈكلىمىلەر ئارقىلىق تۈزۈلىدۇ. مەسىلەن:

① بۈگۈنكى گېزىت كەلدىمۇ؟

② ئۇ ئەتە كېلىدىكەن، سەنچۇ؟

قەيەر، قانچە، قانداق، نېمە، كىم، قايسى قاتارلىق ئالماشلار ئارقىلىق تۈزۈلىدۇ. مەسىلەن:

① بۇ نېمە؟

بۇ كىتاب.

② سەن كىم؟

مەن ئەسقەر.

③ بۇ ژورنال قانداق؟

بۇ ژورنال ياخشى.



**دائىم ئىشلىتىلىدىغان سۆز - ئىبارىلەر**

| | |
|---|---|
| كىتابىڭلارنى ئېچىڭلار. | ئۈنىنچى بەتكە قاراڭلار. |
| كىتاب | ئاچ- |
| ئۈنىنچى | بەت |
| قارا- | |

**كۆنۈكمە**

1- تۆۋەندە بېرىلگەن جۈملىلەرگە بولۇشلۇق ۋە بولۇشسىز شەكىلدە جاۋاب بېرىڭلار.

① بۇ سىلەرنىڭ سىنىپ (ما)؟

② ئۇلار يەكەنلىكمۇ؟

③سىلەرنىڭ مەكتەپ چوڭمۇ؟

④ بۇ ماشىنا بىزنىڭ (مۇ)؟

2- تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئادەتتىكى سوئال جۈملىگە ئايلاندۇرۇپ، بولۇشلۇق ۋە بولۇشسىز جاۋاب بېرىڭ. مەسىلەن:

ئۇلار مۇئەللىم. ← ئۇلار مۇئەللىممۇ؟

ھەئە، ئۇلار مۇئەللىم.

ياق، ئۇلار مۇئەللىم ئەمەس.

① سىز ئىشچى (سىز).

② ئۇ سىلەرنىڭ مۇئەللىم.

③ ئۇلار ساياھەتچى.

④ سىز شوپۇر (سىز).

⑤ بۇ خەرىتە چوڭ.

⑥ بۇ ئۇيغۇرچە ژورنال.

⑦ بۈگۈن دەرس بار.

⑧ بىزنىڭ سىنىپ پاكىز.

⑨ سىلەر يېڭى ئوقۇغۇچى (سىلەر).

⑩ ئىهسان تىرىشچان ئوقۇغۇچى.

3- تۆۋەندە بېرىلگەن جۈملىلەردىكى تىرناق ئىچىگە « كىم، نېمە، قانداق، قانچە،

قەيەرلىك » قاتارلىق ئالماشلارنى ئىشلىتىپ سوئال جۈملە تۈزۈڭ. مەسىلەن:

ئۇ ( بىزنىڭ ساۋاقداش ). ← ئۇ كىم ؟

① بۇ ( ئۇيغۇرچە كىتاب ).

② ( بىر مىڭ ) ئىشچى بار.

③ ئايشەم ( مەشھۇر ) ناخشىچى.

④ بۇ كىتاب ( ناھايىتى قىزىق ).

⑤ ئۇ ( ئون توققۇز ) ياش.

⑥ ئۇلار ( سىلەرنىڭ مۇئەللىم ).

⑦ ( بۇ ژورنال ) ياخشى.

⑧ داۋۇت ( قۇمۇللۇق ).

⑨ بۇ رادىيو ( ناھايىتى ياخشى ).

⑩ ( بىزنىڭ ئۆگىنىش باشلىقى ) ناھايىتى تىرىشچان.

4-تۆۋەندە بېرىلگەن دىئالوگنى ئوقۇڭ ۋە تۈركچىگە تەرجىمە قىلىڭ.

ئا: سىز يېڭى ئىشچىمۇ ( سىز )؟

ئە: ھەئە، مەن يېڭى ئىشچى ( مەن ).

ئا: ئېتىڭىز نىمە؟

ئە: ئېتىم سابىر.

ئا: سىز قانچە ياش ( سىز )؟

ئە: مەن ئوتتۇز ياش ( مەن ).

ئا: سىز قەيەرلىك ( سىز )؟

ئە: مەن ئاتۇشلۇق ( مەن ).

ئا: بۇياق كىم؟